ياخشى باللار ھەققىدە ھېكايىلەر

# ۋەتەن سۆيەر بالا




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ياخشى بالىلار ھەققىدە ھېكايىلەر

# ۋەتەن سۆيەر بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلە راخمان



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

好孩子爱祖国的故事/高厚满著：卡米拉译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.4（2007.4重印）
ISBN 978－7－228－09994-8

Ⅰ.好… Ⅱ.①高…②卡… Ⅲ.儿童文学—故事—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.1287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 032254 号

责任编辑：　依明江·艾木都拉
责任校对：　阿孜古丽·克里木
封面设计：　米尔扎提·阿布都拉·塔吉

好孩子爱祖国的故事（维吾尔文）
卡米拉·热合曼　译

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编：　830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230 毫米　32 开本　4 印张
2006年　8月第1版　2007年　4月　第2次印刷
印数：4061—7060

---

ISBN 978-7-228-09994-8　定价：7.50元

بۇ كىتاب خۇبېي ئۆسمۈرلەر ـ بالىلار نەشرىياتىنىڭ 2003 ـ يىلى4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2003 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据湖北少年儿童出版社 2003 年 4 月第 1 版,2003 年 4 月第 1 次印刷本翻译出版 .

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۇل كېرىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى

# ۋەتەن سۆيەر بالا

تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلە راخمان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى No 348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 4
2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 7060—4061
ISBN978-7-228-09994-8
باھاسى: 7.50 يۈەن

بۇ ھېكايىلەردە ھەربىر مەشھۇر شەخسنىڭ بالىلىق چاغ-
لىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلاردا يېزىلغان-
لىرىنىڭ ھەممىسى كىچىك دوستلارنىڭ ئۆز ھېكايىلىرىدۇر.

ئەلۋەتتە، قىممەت قارىشىمىزنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەب-
دىن ياخشى بالىنىڭ مۇتلەق ئۆلچىمى يوق. ياخشى بالا دېگەن
بۇ ئاتالغۇ ئەقىللىق، راستچىل، پىداكار، تىرىشچان، ئاددىي
— ساددا، ئوماق... قاتارلىق نۇرغۇن گۈزەل ئۇقۇملار بىلەن
باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئالايلى، ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئېدىسون
كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ، پىكىر قىلىشقا ماھىر بولۇپ،
«نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سوئال سوراشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭ-
دىن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بېشى ئاغرىيتتى، ئۇنى قەستەن چاتاق
تېرىۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، مەكتەپتىن چېكىنىشكە نەسىھەت
قىلغان. لېكىن، ئۇنىڭ ئاپىسى بۇنداق قارىمايتتى. ئۇنىڭ
قارىشىچە، ئوقۇتقۇچى بالىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى
چۈشەنمىگەن. ھەربىر بالىدا چوڭلار ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان
ئۇنداق ياكى بۇنداق ھەرىكەتلەر بولىدۇ. لېكىن، بۇ ھەرىكەت-
لەرنى خاتا دەپ قارىماي، ئۇنى توغرا يېتەكلىشىمىزگە توغرا
كېلىدۇ. شۇنداق قىلغىنىمىزدىلا بىر ياخشى بالىنىڭ مەشھۇر
شەخس بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، مەزكۇر كىتابتا، مۇھاكىمە ۋە تەھلىل
ئېلىپ بېرىلمىدى. ھېكايە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىتاب
ئوقۇش سالانى شەكلىدە كىچىك دوستلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تە-
پەككۇر قىلىشىغا، پەرق ئېتىشىگە، مۇنازىرە قىلىشىغا پۇر-
سەت يارىتىپ بېرىلدى ھەمدە كۆپ خىل جاۋاب ۋە ئوخشاش
بولمىغان پىكىرلەر بويىچە كىچىك دوستلارنىڭ ئەركىن ھەم
كۆپ قىرلىق تەپەككۇر قىلىشىغا ئورۇن بېرىلدى.

كىچىك دوستلار ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنى
ئاتا — ئانىلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماش-



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

تۇرۇپ، تەھلىل ئېلىپ بارسا، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ سىلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ئۈچۈن ياردىمى بولىدۇ. ئۇنىڭ-دىن باشقا، بۇ ھېكايىلەر كىچىك دوستلارنىڭ يېزىقچىلىق قىلىشتىكى ۋە سىنىپ يىغىنى ئېچىشتىكى خام ماتېرىيال بولالايدۇ.

ياخشى باللار ھەققىدىكى بۇ ھېكايىلەردە ئۆگىنىش ئا-ساس قىلىنماي، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتنى ھېس قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تەسەۋۋۇر بوشلۇقى قالدۇرۇش ئاساس قىلىنغان. ئۇلاردا بالا بىلەن ئاتا ـ ئانا ئوتتۇرىسىدا تېخىمۇ كۆپ چۈشىنىش ھاسىل قىلىش مەقسىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ كىچىك دوستلارغا تەقدىم قىلىنغان ناھايىتى ياخشى مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابنىڭ مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەت-لىك، قائىدىلىك يېڭى ئەسىرنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگە-لىرىنى تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئىجابىي رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# كىرىش سۆز

ئىنسانىيەت تارىخىدا، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر يېتىشىپ چىقىپ، شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بەزىلىرى تاغ - دەريالارنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ھەيۋىتى بىلەن بىر مەزگىل دەۋران سۈرگەن؛ بەزىلىرى ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ ئەلنى قايتا قۇرغان؛ بەزىلىرى چوڭقۇر ئىدىيە ۋە ئېقىملارنى يارىتىپ، تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان؛ بەزىلىرى ئاجايىپ ئىستېداتى بىلەن ئالەمشۇمۇل زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇلار باتۇرلار، غالىبلار، مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار بولۇپ، بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئۈلگىلىرىدۇر.

شۇڭلاشقا، بىز «ۋەتەن سۆيەر بالا»نى تۈزۈپ، ئاشۇ مەشھۇر شەخسلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ھەربىر كىچىك دوستقا تەقدىم قىلدۇق.


زۇتى ........................1
يۆفېي ........................6
ژاننا دىئارك ..............11
چى جىگۇاڭ ..............18
لىن زېشۇ ................24
گارىبالدى ................30
پاستېر ....................37
جەن تيەنيۇ ..............43
سۇن جۇڭشەن..............49
دې گول....................55
جۇئېنلەي ................61
فاڭ جىمىن ..............67
بىڭ شىن ................72
ليۇ خېجېن ..............78
خې چاڭ ..................84
چيەن شۆسېن ............90
گەندى خانىم ............97
ناسىر ....................104
ئارافات ..................110
دىڭ جاۋجۇڭ ............115

# زۇتى

زۇتى، قەدىمكى دەۋرىدىكى ھەربىي مۇتەخەسسىس. ئۇ 266 ـ يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ لەيشۇي ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. جىن سۇلالىسىنىڭ داڭلىق سەركەردىسى. ئۇ ناھايىتى قاتتىق قول بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى قايتۇرۇۋېلىپ، جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە زور تۆھپە قوشقان. جىن يۈەندى ئۇنىڭغا «قەيسەر سەركەردە» دەپ نام بەرگەن.



زۇتىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەچكە، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئاكىسى بىلەن بىرگە ياشايدۇ، ئۇ بۇرۇن ئۆگىنىشكە قىزىقمايدىغان، ئويۇن قېپى، بىغەم بالا ئىدى. ئاكىسى ئۇنىڭدىن غەم يەپ دائىم نەسىھەت قىلاتتى، زۇتى ئاكىسىنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي قىلغان نەسىھىتىدىن قاتتىق ئىرادىگە كېلىپ، كەلگۈسىدە ئەلەم ۋە قەلەمدە يېتىشكەن، قابىلىيەتلىك ئادەم بولۇپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ.

زۇتى جاپاغا چىداپ، بىر تەرەپتىن كىتاب ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن چامباشچىلىقنى مەشىق قىلاتتى، ئۇ دوستى ليۇ كۇنچىڭ بىلەن بىر يوتقاندا ياتاتتى. ئىككىسى بىر ـ بىرگە مەدەت بېرىپ، خورازنىڭ چىللىشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچۋازلىق ۋە چامباشچىلىقنى مەشىق قىلاتتى. «باش

توخۇدا تۇرۇپ مەشىق قىلىش» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغان. بۇ تەمسىل شۇنىڭدىن كېيىن جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئۆگىنىش مەنىسىنى بىلدۇرىدىغان تەمسىلگە ئايلانغان. كېيىن مۇشۇ تەمسىلگە تەقلىد قىلىپ نۇرغۇن تەمسىللەر مەيدانغا چىقتى. لى بەي، لۇيۇ، شىن چىجى قاتارلىق قەدىمكى دەۋردىكى داڭلىق شائىرلار شېئىرلىرىدا بۇ تەمسىللەردىن نەقىل كەلتۇرگەن.

زۇتى تىرىشىپ كىتاب ئوقۇپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئەلەم ۋە قەلەمدىمۇ يېتىشكەن داڭلىق سەركەردىگە ئايلىنىدۇ. غەربىي جىن سۇلالىسى ھالاك بولغاندا، ئۇ جىن سۇلالىسى خانىدانلىقىنىڭ قەيسەر سەركەردىسىلىك نامى بىلەن شىمالغا يۇرۇش قىلىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ قوشۇنىنى باشلاپ چاڭجياڭدىن ئۆتۈپ شىمالغا يۇرۇش قىلغاندا، قول ئاستىدىكىلەر-



گە: «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بويسۇندۇرمىغۇچە ئۆلسەممۇ قايت-
مايمەن» دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى كۆپ-
چىلىكنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۇ شى لى بىلەن بولغان كەسكىن
ئېلىشىشتا غەلىبە قىلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى
كەڭ زېمىننى شەرقىي جىن خاندانلىقىنىڭ زېمىنىغا ئايلاند-
ۇرىدۇ. زۇتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى قايتۇرۇۋېلىپ، جۇڭگونى
بىرلىككە كەلتۈرۈشتە غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئۇ ئەللىك
يەتتە ياشقا كىرگەندە كېسەل سەۋەبىدىن ئۆز بارگاھىدا ئالەم-
دىن ئۆتىدۇ. خەلق ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن قاتتىق قايغۇرۇپ كۆز
يېشى قىلىشىدۇ، نۇرغۇن جايلار ئۇنى ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈ-
چۈن ئابىدىلەرنى تۇرغۇزىدۇ.










دودۇ

بۈگۈن بىزنىڭ كىچىك سالونىمىز رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ياخشى باللار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئوقۇپ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش. مەن مۇئەللىمدىن، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى دائىم ئۆگىنىپ تۇرغاندا بارا - بارا ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ياخشى باللار ھەققىدىكى ھېكايىلەردە مەشھۇر ۋە داڭلىق شەخسلەرنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى ھېكايىلىرى سۆزلىنىدۇ. بىز ئۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇغىنىمىزدا مول بىلىمگە ئىگە بولىمىز. بۈگۈن كۆپچىلىك زۇتىنىڭ باللىق ۋاقتىدىكى ھېكايىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىنكى تەسىراتلىرىنى سۆزلەيدۇ. قېنى، كىم ئاۋۋال دەيدۇ.



شاشا

تاغام مەشقتە ۋاقىتنىڭ ئۆتكىنى بىلىنمەيدۇ، كامالەتكە يېتىشتە ۋاقىتنىڭ چېكى بولمايدۇ. تىرىشىپ كىتاب ئوقۇش ھەم چامباشچىلىقنى مەشق قىلىشنىڭ بىر كۈندىلا ئۈنۈمى كۆرۈلمەيدۇ. چوقۇم ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش، سەۋرچان، كۈچلۈك ئىرادە بولۇشى كېرەك، ئۈچ كۈن بېلىق تۇتۇپ، ئىككى كۈن تور قۇرۇتۇشقا، يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، دېگەن. زۇتى بىلەن ئۇنىڭ دوستى لىيۇكۈن بىزنىڭ ئۈلگىمىز بولالايدۇ.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

## ۋەتەن سۆيەر بالا



مەنمۇ زۇتىدىن ئۆگىنىمەن. باش توـ
خۇدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىنىقىمەن.
بىراق، تېلېۋىزوردا ياخشى كىنولارنى
قويسا ئۇنىڭ مەرىدىن كېچەلمەي كەچ
ئۇخلاپ قالىمەن، سەھەردە سائەت جىرىڭ-
لىسىمۇ ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن.

مى مى



مەكتىپىمىزدە ناھايىتى ساغلام بىر ساۋاق-
دىشىم بار. ئۇ ئازراق چامباشچىلىقنى ئۆگە-
نىۋاپتىكەن، ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ كۈچلۈكلىكىنى
كۆز ـ كۆز قىلىپ، پۇرسەت تاپسىلا
ساۋاقداشلارنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ئاغرىتى-
ۋېتىدۇ. مەن بۇ ساۋاقدىشىمدىن تولىمۇ بىزار.

جيا جيا

## بۈگۈنكى سوئال



باش توخۇدا تۇرۇپ چىنىقىش، چامباش-
چىلىقنى مەشىق قىلىش ئۆزىمىزنى كۈچ-
ستىش ئۈچۈنمۇ ياكى ۋەتىنىمىزنى قوغداش
ئۈچۈنمۇ؟

زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋالمىغۇچە، ئۆلسەممۇ قايتمايمەن.
— زۇتى

# يۆفېي



يۆفېي قەدىمكى دەۋردىكى مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر سەركەردە. ئۇ 1103 ـ يىلى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ تاڭيىن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى جىن خانلىقىـ غا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان مىللىي قەھرىمان. ئۇ ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆچـ مەس تۆھپىلەرنى قوشقان.

يۆفېي تۇغۇلۇپ بىر ئاي بولماستىنلا يۇرتىدا سۇ ئاپىتى يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىلا نامرات ئائىلىسى تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىدۇ. يۆفېي بالىلىق ۋاقتىدىلا ئەمگەك قىلاتتى، دائىم جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن كېسىپ كېلەتتى. سەل چوڭ بولغاندا يەنە ئېتىزلىقتا ئىشلەيدۇ. نامرات تۇرمۇش يۆـ فېينىڭ بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنى بوشاشتۇرالمايدۇ. چىراغ مېيى سېتىۋېلىشقا پۇلى بولمىغاچقا ئوتۇنلارنى قالاپ، شۇنىڭ يورۇقىدا دادىسى ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتەتتى. ئۇ ساۋادىنى چىقـ قىرىپ بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇ دائىم يېرىم كېچىگىچە كىتاب ئوقۇيتتى، ھەتتا تاڭمۇ ئېتىپ كېتەتتى. ئۇ ھەممىدىن بەك «زوشىنىڭ چۇنچيۇ دەۋرىدىكى تەرجىمىھالى»نى، سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرىنى ئوـ قۇشقا ئامراق ئىدى.

«زوشىنىڭ چۇنچيۇ دەۋرىدىكى تەرجىمىھالى» يەنە «زوـ شىنىڭ تەرجىمىھالى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ كىتاب چىن دەۋـ

ريدىن ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ كۇڭزىچىلارنىڭ مەشھۇر ئەسە-رى «چۇنچيۇ» نى ئىزاھلايدىغان ئۈچ ئەڭگۇشتىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ كىتابتا ئەخلاق، ديانەت، ئۇرۇشلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى، نۇرغۇن ئۇرۇشلار ۋە خان - پادىشاھلار ھەققىدى-كى ھېكايىلەر بايان قىلىناتتى، ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىدى. كىتابتىكى ھېكايىلەر، شەخسلەر يۆفېينى بەكمۇ جەلپ قى-لىۋالىدۇ. ئۇ قولىدىن بۇ كىتابنى پەقەتلا چۈشۈرمەي قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەققانىيەت ئۈستىدە ئويلىناتتى. بۇ-نىڭ بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا سەبىي قەلبىدە ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئۇرۇقى بىخ سۈرۈشكە باشلايتتى.



يۆفېي بالىلىق ۋاقتىدىن باشلاپلا ھەربىي ئىشلارنى ئۆگى-نىشكە، ئۇرۇش سەنئىتىنى ئى-گىلەشكە تىرىشاتتى. شۇڭا، ئۇ ۋۇ، سۇنلەرنىڭ ئۇرۇش تاكتىكى-لىرىغا پىششىق ئىدى. بۇ ئۇنىڭ كېيىن ھەر-بىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىشىغا پۇختا ئاساس سالغان.

يۆفېي كىچىكىدىن ئەمگەكنى قىزغىن سۆ-

يەتتى. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئەمگەك ئۇنى ئوبدان چېنىقتۇرغانىدى، شۇڭا ساغلام، كۈچتۈڭگۈر ئىدى. بالىلىق ۋاقتىدىلا 300 جىڭ كېلىدىغان ساداق بىلەن سەككىز قاداق كېلىدىغان قونداقلىق ئوقيانى يالغۇز ئۆزى تارتالايتتى.

يۆفېينىڭ يۇرتىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يۇڭخې كەنتىدە جوتوڭ ئىسىملىك بىر مويسىپىت كىشى بولۇپ، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر ئىدى. يۆفېي ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ، ناھايىتى تېزلا ئوقيا ئېتىشتا مەرگەن بولۇپ يېتىشىپ، ھەتتا ئوڭ، سول ئىككىلا قولىدا ئوقيا ئاتالايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ.

يۆفېينىڭ بوۋىسى ياۋ داۋېڭ ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ شۇ دەۋردىكى ئۇستا مەرگەن چېن گۇاڭنى يۆفېيگە «مەرگەنلىك»تىن تەلىم بېرىشكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىدۇ. چېن گۇاڭنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى بىلەن يۆفېي تېزلا «تەڭداشسىز مەرگەن» دەپ ئاتىلىپ، نامى ئەتراپقا پۇر كېتىدۇ.

ياش يۆفېي ئادەتتە ناھايىتى كەم سۆز، چوڭقۇر پىكىرلىك بالا ئىدى. ئەمما يەنە ئوچۇق سۆزلۈك بولۇپ، كۆڭلىدە نېمە ئويلىغان بولسا ئېيمەنمەي دەۋېرەتتى، ئۇ ناھايىتى ئەدەپلىك، ئۇستازلىرىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى.

ئۇستازىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى، ئۇسمۇر دەۋردىكى كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭ كېيىن ئەلەم ۋە قەلەمدىمۇ يېتىشكەن داڭلىق سەركەردە بولۇپ چىقىشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

> بالا ۋاقتىڭنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كېيىن پۇشايماندا قالما.
>
> — يۆفېي





شاشا

كۆپچىلىك يۆفېينىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئىشلىرىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن نۇرغۇن تەسىراتلارغا ئىگە بولدى. قېنى، بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرىمىزنى سۆزلەپ باقايلى.


مى مى

تاغام ماڭا، خاڭجۇنىڭ گۈزەل شىزى كۆلىنىڭ بويىدا يۆفېي ئىبادەتخانىسى بار، ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىدىكى بىر تاشقا «تاغلار ئارا پەرۋازدىدۇر ئۇلۇغ مەرھۇم روھى، كۆل بولۇپ يوقالدى مەڭگۈ پاسىق روھى» دېگەن بىر نەزمە يېزىلغان. نەزمىنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ۋەتەنپەرۋەر سەركەردە يۆفېي مەدھىيىلەنگەن، ئىككىنچى مىسراسىدا خائىن ۋەزىر جىن كۈي قاتتىق سۆكۈلگەن. بۇ، كىمكى ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيسە خەلق تەرىپىدىن مەڭگۈ ھۆرمەتلىنىدىغانلىقىنى، كىم ۋەتىنىگە ساتقىنلىق قىلسا سېسىق نامى مەڭگۈ يوقالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

# ۋەتەن سۆيەر بالا

يۆفېي كىچىكىدىنلا ھەربىي ئىشلارنى
ئۆگىنىشكە، ئۇرۇش سەنئىتىنى ئىگىلەشكە
تىرىشقان، بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ھەربىي
ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىشىغا پۇختا ئا-
ساس سالغان. شۇڭا، كىشىلەر كىچىكىدىن
باشلاپ پۈتۈن خەلق دۆلەت مۇداپىئە تەربى-
يىسىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، كەلگۈسىدە دۆلەتنى
قوغداشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك.


جيا جيا


دودو

دۆلىتىمىز تارىخىدا ناھايىتى
كۆپ ۋەتەن خائىنلىرى ئۆتكەن، ئۇلار
دۆلەت ۋە مىللەتكە زىيانكەشلىك قىل-
غۇچىلاردۇر.



## بۈگۈنكى سوئال

دۆلىتىمىز تارىخىدىكى يەنە
قانداق ۋەتەن خائىنلىرىنى بىلىسىز؟



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com